# شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر»، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇم پال ئالمايدىغان بىرسى يوق ئېدى، لېكىن ئاللاھ تائالا شۇم پال ئېلىشنى تەۋەككۇل بىلەن كەتكۈزىۋەتتى

ئابدۇللاھ بىن مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر، شۇم پال ئېلىش شېرىكتۇر»، دەپ ئۈچ قېتىم دېدى، بىزنىڭ ئارىمىزدا شۇم پال ئالمايدىغان بىرسى يوق ئېدى، لېكىن ئاللاھ تائالا شۇم پال ئېلىشنى تەۋەككۇل بىلەن كەتكۈزىۋەتتى».

[تېكىست توغرا] [ئەبۇ داۋۇد، تىرمىزى، ئىبنى ماجە ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىنسانىنى، كۆزى كۆرگەن ياكى قۇلىقى ئاڭلىغان، ئۇچارلىقتىن، ھايۋانلاردىن، تۈرلۈك ئەيىپلەرگە دۇچار بولغان مېيىپلەردىن، تۈرلۈك سانلاردىن ياكى كۈنلەردىن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىلەردىن شۇم پال ئېلىشتىن ئاگاھلاندۇردى. ھەدىستە «تەير» ئۇچارلىقتىن دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى، چۈنكى ئۇچارلىقتىن شۇم پال ئېلىش جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەپلەرنىڭ ئارىسىدا مەشھۇر بولغان. ئىشنىڭ ئەسلى: ئۇلار سەپەرگە چىقماقچى ياكى تىجارەت قىلماقچى ھەتتا توي قىلماقچى بولسىمۇ بىر قۇشنى قويىۋېتەتتى، ئەگەر قۇش ئوڭ تەرەپتىن ئۇچسا ئۇلار بۇنىڭدىن ياخشىلىق دەپ پال ئېلىپ قىلماقچى بولغان ئىشنى داۋاملاشتۇراتتى، ئەگەر قۇش سول تەرەپتىن ئۇچسا ئۇلار بۇنىڭدىن شۇم پال ئېلىپ(يەنى بۇ ئىشتا ياخشىلىق يوق دەيتتى) قىلماقچى بولغان ئىشتىن قول ئۈزەتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بۇنداق قىلىشنىڭ شېرىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى، ھەقىقەتەن شۇم پال ئېلىش شېرىك، چۈنكى ھەر قانداق ياخشىلىقنى ئاللاھ كەلتۈرىدۇ، ھەر قانداق يامانلىقنىمۇ ھېچ شېرىكى يوق بىر ئاللاھ دەپئى قىلىدۇ. ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانىنىڭ كۆڭلىگە شۇم پالدىن بىر نەرسە كىلىپ قالىدىغانلىقىنى زىكىر قىلدى، لېكىن ئىنسان شۇم پالنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىش ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك سەۋەپلەرنى قىلىش بىلەن يوق قىلىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3383